# سەن ئۇنىڭ قىشىغا بېرىپ ئۇنىڭغا: سەن دوزاخ ئەھلىدىن ئەمەس، بەلكى سەن جەننەت ئەھلىدىن» دېگىن دېگەن كاتتا بىشارەتنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن يەنە سابىتنىڭ ئۆيىگە باردى

ئەنەس بىن مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە: ھەقىقەتەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام سابىت بىن قەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى بىر قانچە كۈن كۆرمىگەندىن كېيىن سۈرۈشتە قىلدى، بىر كىشى: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! مەن سىلىگە ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئۇقۇشۇپ كېلەي دەپ سابىتنىڭ ئۆيىگە كەلسە، سابىت ئۆيىدە بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپتۇ، ئۇ كىشى سابىتتىن: ساڭا نېمە بولدى؟ دەپ سورىغاندا، سابىت: بەك يامان بولدى، سابىت پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئاۋازىنىڭ ئۈستىدە ئۈنلۈك سۆز قىلدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ ھەممە ئەمىلىنى بىكار قىلىۋەتتى، ئۇ دوزاخ ئەھلىدىن بولۇپ كەتتى دېدى، ئۇ كىشى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا قايتىپ بېرىپ بولغان ئەھۋالنى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا سۆزلەپ بەردى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كىشى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ: «سەن ئۇنىڭ قىشىغا بېرىپ ئۇنىڭغا: سەن دوزاخ ئەھلىدىن ئەمەس، بەلكى سەن جەننەت ئەھلىدىن» دېگىن دېگەن كاتتا بىشارەتنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن يەنە سابىتنىڭ ئۆيىگە باردى.»

[تېكىست توغرا] [بىرلىككە كەلگەن]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام سابىت بىن قەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى جامائەت ئارىسىدا كۆرمىگەندىن كېيىن ئۇنى سۈرۈشتۈردى، ساھابىلاردىن بىرى: مەن سىلىگە ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن جامائەتكە كەلمىگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئۇقۇپ كېلەي دەپ ئۇنىڭ ئۆيىگە بارغان ئىدى، ئۇ ئۆيىدە بېشىنى ساڭگىلىتىپ بەك غەمكىن ھالەتتە ئوتتۇرغانلىقىنى كۆردى، ئۇ كىشى: ساڭا نېمە بولدى؟ دەپ سورىدى. سابىت ئۆزىدىكى بىر يامان ئىشتىن خەۋەر بەردى، چۈنكى ئۇنىڭ ئاۋازى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئاۋازىدىن ئۈنلۈك چىقاتتى، ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا پەيغەمبەردىن ئۈنلۈك سۆز قىلغانلارغا ئازابنى ۋەدە قىلىپ، ئۇنىڭ قىلغان ئەمىلىنىڭ بىكار بولۇپ كېتىدىغانلىقى ۋە دوزاخ ئەھلىدىن بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ئايەت نازىل قىلغان. ئۇ كىشى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا قايتىپ بېرىپ بولغان ئەھۋالنى خەۋەر قىلدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىنى قايتىدىن سابىتنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇنىڭغا ئۇنىڭ دوزاخ ئەھلىدىن ئەمەس بەلكى جەننەت ئەھلىدىن ئىكەنلىكى توغرىسىدا خۇش بىشارەت يەتكۈزۈشكە بۇيرىدى. ئۇنداق بولىشى، ئۇنىڭ ئاۋازى ئەسلى تەبىئىتىدىن ئۈنلۈك ۋە يۇقىرى ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ كىشى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ئەنسارىيلارنىڭ نۇتۇق سۆزلىگۈچىسى ئىدى.

https://www.sunnah.global/hadeeth/ug/show/65073